# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ ھۆكۈمنامىسى

(1994) ش س ج ئا 35-نومۇرلۇق

ئەسلىدىكى ئەيىپلىگۈچى ئورگان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خوتەن شۆبىسى.

نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى (ئەسلى سوتتىكى جاۋابكار): ئابدۇقەييۇم ھەببۇللا، ئەر، ئۇيغۇر، 22ياش، (1971-يىلى 8-ئايدا تۇغۇلغان) خوتەن ناھىيە بوزاق يېزا ئايماق ئاھالە كومىتېتىدىن، دېھقان، ساۋاتلىق. 1993-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن. 1993-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى توختىتىلۇپ، شۇ ئاينىڭ 22-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان، ھازىر خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدا قاماقتا.

نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى(ئەسلى سوتتىكى جاۋابكار): نەسىردىن غوپۇر، ئەر، ئۇيغۇر، 20ياش، (1973-يىلى 8-ئايدا تۇغۇلغان) خوتەن شەھەر ناۋاغ كوچا باشقارما

5-ئاھالە كومىتېتىدىن، ساۋاتلىق، تىجارەتچى. 1993-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى يىغۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن. 1993-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنى توختۇتۇلۇپ، شۇ ئاينىڭ 22-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. ھازىر خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سولاقخانىسىدا قاماقتا.

نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى( ئەسلى سوتتىكى جاۋابكار):

ياسىن ئابدىرىيىم، ئەر، ئۇيغۇر، 22ياش (1971-يىلى 2-ئايدا تۇغۇلغان) ساۋاتلىق. خوتەن شەھەرلىك ئايدىڭ كوچا 12-نومۇرلۇق قورادا ئولتۇرۇشلۇق. 1993-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى توختۇتۇلۇپ، شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدا قاماقتا.

ئەسلى سوتتىكى جاۋابكار مەتقاسىم ئىدرىس، ئەر، ئۇيغۇر، 25يش (1968-يىلى 1-ئايدا تۇغۇلغان) ساۋاتلىق، خوتەن شەھەر توسالا يېزا چوچىلىك كەنتىدىن دېھقان، 1993-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈنى يىغۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن. 1993-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى توختۇتۇلۇپ شۇ ئاينىڭ 22-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. ھازىر خوتەن ناھىيىلىك

ج خ ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدا تاماقتا.

نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى (ئەسلى سوتتىكى جاۋابكار) قەمەردىن غوپۇر، ئەر، ئۇيغۇر، 32ياش، خوتەن شەھەر گوجامباغ كوچا باشقارما 7-ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق. ساۋاتلىق. 1993-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن. 1993-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى توختۇتۇلۇپ، شۇ ئاينىڭ 22-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. ھازىر خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدا قاماقتا.

ئەسلى سوتتىكى جاۋابكار شەمشىدىن غوپۇر، ئەر، ئۇيغۇر، 25ياش، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىق، 1993-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن شۇ ئاينىڭ 16-كۈنى توختۇتۇلۇپ 22-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن پوسكام ناھىيە نېفت بورغىلاش ئىشچىسى ھازىر ئائىلىدە.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار ئابدۇقەييۇم ھېببۇللا، نەسىردىن غوپۇر، ياسىن ئابدىرېيىم، مەتقاسىم ئىدرىس، قەمەردىن غوپۇر، شەمشىدىن غوپۇرلارنىڭ پارتىلىتىش، قانات ئاستىغا ئېلىش ۋە قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر جاك فوخېنىڭ ئىختىسادىي

زىياننى تۆلەپ، بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەرزىسىنى سوت قىلىپ 1993-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى (1993) خ ئۇ س 1-سوت چىقىش 32-نومۇرلۇق جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ ھۆكۈمى چىقارغان. ھۆكۈم يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن جاۋابكار ئابدۇقەييۇم ھەببۇللا، نەسىردىن غوپۇر، ياسىن ئابدىرىيىم، قەمىردىن غوپۇرلار قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بەرگەن. مەھكىمىز ئەرزىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ بۇ ئەرزىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.

ئەسلى سوت ھۆكۈمدە جاۋابكار نەسىردىن غوپۇر 90-يىلى 91-يىلى ۋە 93-يىلى جاۋابكار ياسىن ئابدۇرېيىم بىلەن 2 قېتىم، مەتقاسىم ئىدرىس بىلەن 1 قېتىم خوتەن ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانىسىدىن پارتلاتقۇچ دورىسى ياساش ئۈچۈن خىمىيىلىك دورىلارنى ئوغۇرلاپ چىقىپ جاۋابكار ياساپ ئايدىرىيىم بىلەن ياسىن سىناق قىلغان.

1993-يىلى 8-ئاينىڭ 17-كۈنى جاۋابكار ياسىن ئابدىرىيىم ئۆزىنىڭ ئۆيىدە جاۋابكار ئابدۇقەييۇم ھىببۇللا، نەسىردىن غوپۇرلارنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىشى بىلەن مۇددەتتە پارتلايدىغان پارتلىتىش قۇرۇلمىنى ياساپ، ئابدۇقەييۇم ھىببۇللا 18-چىسلا

ئەتىگەندە نىشانلىغان ئورۇنغا بىرىپ ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن قويالماي جاۋابكار مەتقاسىم ئىدرىس بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە قويىمىز دىيىشكەن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 5 دە مەتقاسىم بىلەن ئابدۇقەييۇم گولباققا كېلىپ پارتىلىتىش قورۇلمىنى قويغان نەتىجىدە شۇ كۈنى چۈشتىن كىيىن سائەت 4 دە پارتلاش يۈز بىرىپ بىر ئادەم ئېغىر زەخملەنگەن، 2 ئادەم يىنىك زەخملەنگەن. 8 ئادەم يەڭگىل زەخملەنگەن.

بۇ ئەنزىنى رازۋىتكا قىلىۋاتقاندا جاۋابكار نەسىردىن غوپۇر ئاكىسى قەمىردىن غوپۇرغا ئۆزىنىڭ گولباغدىكى پارتىلىتىش ئىشىغا ئارلىشىپ قالغانلىقىنى، سائەت شۇرۇشتە قىلىنىۋاتقانلىقىنى شۇڭا پارتىلىتىشقا ئىشلەتكەن شۇ خىلدىكى سائەتتىن بىرنى تېپىپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. جاۋابكار قەمىردىن غوپۇر ئۇكىسى شەمشىدىن غوپۇرغا ئېيتىپ قەشقەردىن ئوخشاش خىلدىكى سائەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ كېلىشنى بۇيرىغان. شەمشىدىن غوپۇر قەشقەرگە بىرىپ ئوخشاش خىلدىكى سائەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ كېلىپ نەسىردىن غوپۇرغا بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا جاۋابكار قەمىردىن غوپۇر، ئۇكىسى نەسىردىن غوپۇرنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ساندۇققا يوشۇرۇپ قويغان ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك

ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋېتىپ پارتىلىتىشقا ئىشلەتكەن. سائەتنىڭ قېپىنى ئوبۇرنىغا كۆمۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن پارتىلىتىش جىنايىتى ۋە قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ.

دەپ قاراپ، ئابدۇقەييۇمنىڭ پارتىلىتىش جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، نەسرىدىن غوپۇرنىڭ پارتىلىتىش جىنايىتىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، ياسىن ئابدۇرېيىمنىڭ پارتىلىتىش جىنايىتىگە مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىش، مەتقاسىم ئىدرىسنىڭ پارتىلىتىش جىنايىتىگە مۇددەتلىك 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، قەمرىدىن غوپۇرنىڭ جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتىگە مۇددەتلىك 4 يىللىق قاماق جازاسى، شەمشىدىن غوپۇرنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتىگە 5 ئايلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئەمگەككە سېلىش جازاسى ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن ئابدۇقەييۇم ھېبۇللا 1492.50 يۈەن، نەسرىدىن غوپۇر 1492.50 يۈەن ياسىن ئابدۇرېيىم 1243.75 يۈەن، مەتقاسىم ئىدرىس 746.25 يۈەن تۆلەشكە ھۆكۈم قىلغان، ھۆكۈم

يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن جاۋابكار ئابدۇقەييۇم ھەبىۇللا مۆكۈمگە قايىل بولماي: «نەسىرىدىن غوپۇر بىلەن ياسىن ئابدىرېيىمنىڭ مەخسىدىنى ئۇقمايمەن، ئۇلار پارتىلىتىش دورىسىنى قويۇپ قوي دىگەنلىكى ئۈچۈنلا قويغان جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى» دىگەن ئاساس بىلەن؛ نەسىرىدىن غوپۇر «ھارولشاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن پارتىلىتىش دورىسىنى تاپتىم ياسىن بىلەن مۇدەتتە پارتلايدىغان بومبىنى ياساپ ئابدۇقەييۇمغا بەرگەن يامان ئادەمنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ جىنايەت ئىشلىدىم چىقىش يولى بېرىلسە» دىگەن ئاساس بىلەن، ياسىن ئابدىرېيىم «ئۆزەم كۆرسەتكەن ئادۋۇكاتنى ئالماشتۇرۇۋەتتى، جىنايىتىمنى ئەينەن تاپشۇردۇم، نەسىرىدىن پارتىلىتىش دورىسىنى ياساپ بەر دىگەنلىكى ئۈچۈن ياساپ بەرگەن. ئائىلەمدە قىينچىلىق بار شۇڭا ئىختىسادىي تۆلەمنى كەچۈرۈۋەتسە» دىگەن ئاساس بىلەن قەمەردىن غوپۇر «قانات ئاستىغا ئېلىش مەخسىدىدە ئەمەس بەلكى قورقۇپ كېتىپ ماڭا گەپ كىلىپ قالمىسۇن دەپ سائەتنىڭ قېپىنى ئويۇرنىغا تاشلىۋەتكەن ئىدىم، ماڭا قانۇندا بەلگىلەنگەن جازادىن ئېغىر جازا بەردى، قايتا تەكشۈرۈپ بەرسە» دىگەن ئاساس بىلەن مەھكىمىگە نارازىلىق ئەرز بەرگەن.

...وت قىلىپ ئېنىقلىنىشىغىچە : (91-يىلى 1-ئاي 91-يىلى يازدا ۋە 93-يىلى 6-ئايدا نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى نەسىرىدىن غوپۇر ياسىن ئابدۇرېيىم بىلەن ئىككى قېتىم مەتقاسىم ئىدرىس بىلەن 1 قېتىم خوتەن ناھىيىلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانىسىدىن خىمىيىلىك دورىلارنى ئوغۇرلاپ چىقىپ ياسىن ئابدىرىيىم بىلەن پەرتىلىتىش دورىسىنى ياساپ يورۇتقاش دەرياسىدا سىناق قىلغان. 1993-يىلى يىل بېشىدا نەسىرىدىن غوپۇر پارتىلىتىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يورۇڭقاشلىق ئابدۇمجىت (ئايرىم ئەنزىدە بىر تەرەپ قىلىنغان) دىن 18 كىلوگرام پارتلاتقۇچى دورا، 4 دانە قېتىشبا پارتلاتقۇچ دورا ۋە 10 نەچچە دانە كاپسۇل سېتىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ئىلىچى بازىرىغا قاراشلىق يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئېزىز (ئايرىم ئەنزىدە بىر تەرەپ قىلىنغان) گە دورا قاچىلاش ئۈچۈن چويۇن قاچا بۇيرۇتۇپ ياساتقان. 1993-يىلى 8-ئاينىڭ باشلىرى ياسىن ئابدىرىيىم خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇقەييۇم ھەبىبۇللا، نەسىرىدىن غوپۇر ياسىن ئابدىرىيىملار خوتەندە پارتىلىتىش ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاپ 1993-يىلى 8-ئاينىڭ 17-كۈنى ئابدۇقەييۇم ھىبۇبۇللا، نەسىرىدىن غوپۇرلار، ياسىن

ئابدۇرېيىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ پارتىلىتىش قورۇلمىنى ياساپ
11 سائەتتە پارتلايدىغان قىلىپ توغرىلىغان، ئاندىن نەسىردىن
غوپۇر، ئابدۇقەييۇم ھەبىبۇللاغا 1993-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى
ئەتىگەن سائەت 5لەردە (شىنجاڭ ۋاقتى) گۇلباغدىكى
خەنزۇلار شاخمات ئوينايدىغان جايغا قويۇش ئۈچۈن بەرگەن.
ئابدۇقەييۇم ھەبىبۇللا ئادەم بار بولغاچقا قويالماي قايتىپ
كەتكەن. 1993-يىلى 8-ئاينىڭ 19-كۈنى ئەتىگەن سائەت
5 دە ئابدۇقەييۇم ھىبىبۇللا بىلەن مەتقاسىم ئىدرىس پارتلاتقۇچ
قورۇلمىنى گۇلباققا قويۇپ كەتكەن. نەتىجىدە شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دە پارتلاش يۈز بېرىپ بىر ئادەم
ئېغىر زەخىملەنگەن 2 ئادەم يېنىك زەخىملەنگەن 8 ئادەم
يەڭگىل زەخىملەنگەن. ئەنزىنى تەكشۈرۈۋاتقان مەزگىلدە
نەسىردىن غوپۇر ئاكىسى قەمەردىن غوپۇرغا گۇلباغدىكى
پارتىلىتىش ئەنزىسى مېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چ خ
خادىملىرى سائەتنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ. ئورنىغا دەرھال
شۇ خىلدىكى سائەتتىن بىرنى تەييارلاپ قويىمسام مېنى
تۇرمىگە سولاپ قويۇشى مۇمكىن دەپ پارتىلىتىشقا ئىشلەتكەن
سائەتنىڭ قېپىنى كۆرسەتكەن. قەمەردىن غوپۇر ئۆكسى
شەمشىدىن غوپۇرغا شۇ خىلدىكى سائەتتىن بىرنى قەشقەردىن

ئەكلىشكە بۇيرىغان. شەمشىدىن غوپۇر قەشقەرگە بېرىپ ئوخشاش خىلدىكى سائەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، نەسىردىن غوپۇرغا بەرگەن. قەمىردىن غوپۇر ساندۇقتىكى بىر قېتىم ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋېتىش بىلەن پارتىلىتىشقا ئىشلەتكەن سائەتنىڭ قېپىنى ئوبۇرنىغا كۆمۈپ قويغان. جاۋابكارلارنىڭ يۇقارقى جىنايىتىنىڭ پاكىتى ئېنىق، دەلىل-ئىسپاتى تولۇق بولۇپ جاۋابكارلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا ئىقرار. ھەم بىر-بىرىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا نەق مەيداننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى نەق مەيداندىن تېپىلغان ماددى پاكىتلار ئەنزىدە بار بولۇپ ئەنزە بېكىتىشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ.

مەھكىمىز مۇنداق دەپ قارىدى: نارازىلىق قىلغۇچى ئابدۇقەييۇم ھېبۇللا نەسىردىن غوپۇر، ياسىن ئابدىرىيىم ۋە جاۋابكار مەتقاسىم ئىدرىسلا دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي پاراكەندىچىلىك سېلىش مەخسىدى بىلەن پارتىلىتىش ئېلىپ بېرىپ بىر ئادەمنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشىگە 2 ئادەمنىڭ يېنىك زەخىملىنىشى، 8 ئادەمنىڭ يەڭگىل زەخىملىنىشى ۋە 726.60 يۈەن قىممىتىدىكى مال-مۈلۈكنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىدىن پارتىلىتىش جىنايىتى

شەكىللەندۇ. نارازىلىق قىلغۇچى قەمەردىن غوپۇر ۋە جاۋابكار شەمشىدىن غوپۇرلارنىڭ ئۇكىسى نەسىردىن غوپۇرنىڭ پارتىلىتىش ئەنزىسگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى مەلۇم قىلمىغان بىر قىسىم ماددى پاكىتنى كۆيدۈرگەن ۋە يوشۇرغان ھەمدە پارتىلىتىشتا ئىشلەتكەن سائەتكە ئوخشاش خىلدىكى سائەتنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بەرگەن، قىلمىشىدىن قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى شەكىللەندۇ. ئۇلارنىڭ جىنايەت ئىشلەش ئۇسۇلى قەبىھ، تەسىرى يامان، خەۋپى زور، ئەسلى سوتنىڭ ئەنزە پاكىتى ۋە خاراكتېرىنى بېكىتىشى توغرا، سوتلاش تەرتىۋى قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان بولسىمۇ، نارازىلىق قىلغۇچى ئابدۇقەييۇم ھېبۇللا بىلەن قەمەردىن غوپۇرغا ئۇلچىگەن جازاسى قىسمەن ئېغىر كەتكەن. نارازىلىق قىلغۇچى ئابدۇقەييۇم ھېبۇللانىڭ «جازا ئېغىر» دېگەن نارازىلىقىنىڭ قەمەردىن غوپۇرنىڭ «ماڭا قانۇندا بەلگىلەنگەن جازادىن ئېغىر جازا بەردى» دېگەن نارازىلىقلىرىنىڭ ئاساسلىرى بار.

مەھكىمىمىز سوت ھەيئىتى 1994-يىلدىكى 28-قېتىملىق يىغىندا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش ئارقىلىق، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 106-ماددىسى،

53-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقى 22-ماددىسى، 23-ماددىسى، 24-ماددىسى، 31-ماددىسى، 162-ماددىسىنىڭ 2-تارمىقى ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»-نىڭ 136-ماددىسىنىڭ 2-تارماقچىسى 146-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە ھۆكۈم قىلدى.

1. نەسىرىدىن غوپۇر، ياسىن ئابدىرىيىملارنىڭ نارازىلىقى رەت قىلىنىپ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ (1993) خ ئو س 1-سوت چىقىش 32-نومۇرلۇق جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ ھۆكۈمنامىسىنىڭ جاۋابكار نەسىرىدىن غوپۇر، ياسىن ئابدىرىيىم، مەتقاسىم ئىدرىس، شەمشىدىن غوپۇرلارغا ئۆلچىگەن جازا قىسمى ۋە قوشۇمچە ھەق تەلەپ قىسمى كۈچكە ئىگە قىلىنسۇن.

2. ئابدۇقەييۇم ھەببۇل بىلەن قەمرىدىن غوپۇرغا ئۆلچىگەن جىنايى جازا قىسمى كۈچتىن قالدۇرۇلسۇن. ئابدۇقەييۇم ھىببۇللانىڭ پارتىلىتىش جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە سېلىپ كېيىنكى ئىپادىسىگە قارالسۇن. ھەمدە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنسۇن. قەمرىدىن غوپۇرنىڭ قانات ئاستىغا ئالغان جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك

2 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنسۇن.

بۇ ھۆكۈم ئاخىرقى ھۆكۈم بولىدۇ.

باش سوتچى: جىن خۇڭبىن

سوتچى: شاۋكەت ئىدرىس

سوتچى: جوگوشېڭ

سوتچى: ئابدۇراخمان ئەھمەت

سوتچى: مالىك مامۇت

1994-يىل 12-ئاينىڭ 6-كۈنى

ئەسلى نۇسقىسىغا ئوخشاش

پوتوكولچى: ئەنۋەر ئابدىرىيىم